ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى كۈرەش قىلغۇچىلار

# ئارزۇ ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش

## —— شىنجاڭ جۇڭتەي گۇرۇھى توقسۇن نېڭخۇا شىركىتى كالتسىي كاربىد سېخىنىڭ نۆۋەتچى بەنجاڭى سەيپىدىن ئىسرائىل توغرىسىدا

مۇكاپات سەھنىسىدە، ئۇ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى؛ پېچ ئالدىدا، ئۇ ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىدىغان پېچ ئىشچىسى. «مەيلى قانچىلىك شەرەپكە ئېرىشەي، مېنىڭ يىلتىزىم سېختا، پېچ يېنىدا، بۇ نۇقتا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ.» بۇ، شىنجاڭ جۇڭتەي گۇرۇھى توقسۇن نېڭخۇا شىركىتى كالتسىي كاربىد سېخىنىڭ نۆۋەتچى بەنجاڭى سەيپىدىن ئىسرائىلنىڭ دائىم دەيدىغان گېپى.

### ■قېتىرقىنىپ ياخشى ئۆگىنىپ كۆزگە كۆرۈنۈش

كىچىكىدىن بوۋىسى بېقىپ چوڭ قىلغان سەيپىدىن تۇرمۇش بېسىمى تۈپەيلىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشنى تاللىدى. 2009 - يىلى، سەيپىدىن شىنجاڭ جۇڭتەي گۇرۇھى توقسۇن نېڭخۇا شىركىتىنىڭ پېچ ئىشچىسى بولدى.

بەن - گۇرۇپپىلارغا بۆلگەن چاغدا، سەيپىدىن بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت خىزمەتچى ئىدى. ئۇنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل سەۋىيەسى يۇقىرى بولمىغاچقا، باشقىلاردىن بىلمىگەنلىرىنى سورىغاندا، يۈزەكىلا چۈشىنەلەيتتى. سەيپىدىن دۆلەت ئورتاق تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ تېخنىكىنى تەتقىق قىلدى، پېشقەدەم ئۇستازلاردىن تەلىم ئالدى، كالتسىي كاربىد پېچىدىن نېرى كەتمەي، قانداق قىلغاندا پېچتىن چىقىرىشتا كۈچنى تېجەپ قالغىلى بولىدىغانلىقى، قانداق قىلغاندا پېچ كۆزىنى تېز ئەتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدەندى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئۇ بەندىكى پېچتىن چىقىرىش ئىشچىلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، پېچتىن چىقىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

بىر قېتىم نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقاندا، سەيپىدىن ۋە خىزمەتداشلىرى قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى —— ھەرقانداق قىلسىمۇ پېچ كۆزىدىن كالتسىي كاربىد چىقمىدى. سەيپىدىن دەرھال بەنجاڭ تېخنىكلارنى نەق مەيدانغا تەكلىپ قىلىپ، پېچ كۆزىنى ئالماشتۇرۇش، ئوكسىگېن پۈۋلەش مەشغۇلاتى قىلدى، بىرقانچە قېتىم قىلغان بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن سەيپىدىننىڭ تاماق يېيىشكىمۇ رايى بارمىدى، بىرنەچچە كۈن كۆپچىلىك بىلەن بىللە بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى. «بىزنىڭ ھەر بىر بەن يەتتە - سەككىز قېتىم پېچتىن چىقىرالىساق، كالتسىي كاربىد پېچى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولىدىكەن، شۇنداقلا پېچتىن چىقىرىش قىيىن بولۇش، پېچ كۆزىنى توسۇۋالماسلىق مەسىلىسىمۇ يۈز بەرمەيدىكەن.» بىر كۈنى، ئۇ ئۆزىنىڭ قارىشىنى كۆپچىلىككە ئېيتىۋىدى، كۆپچىلىك شۇھامان چۈشەندى، بەن - گۇرۇپپىلار پېچتىن چىقىرىش قېتىم سانىنى قېلىپلاشتۇردى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، كالتسىي كاربىد پېچىدىن قانداقلا مەسىلە كۆرۈلسۇن، سەيپىدىن ئامال ئىزدەپ ھەل قىلدى.

### ■«ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش»نى پائال قانات يايدۇرۇش

سەيپىدىن خىزمەتتە كوللېكتىپقا تايىنىش زۆرۈرلۈكىنى، ئۆزى ئالغا بېسىش بىلەن بىللە، باشقا يولداشلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتى.

2014 - يىلى، شىركەتكە كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان ئاراپات گاڭگىراپ قالغانىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «شۇ چاغدا، مەن بەن - گۇرۇپپىلارنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيتتىم، ھەر كۈنى خىزمەت قىلغاندىن سىرت يەنە تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىپ، ئىنتايىن ھېرىپ كېتەتتىم، بېسىممۇ ئېغىر ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى سەيپىدىن ئۇستام بار ئىكەن، ئۇ ماڭا ئىنچىكە ئىلھام ۋە ياردەم بېرىپ كەلدى.» ئاراپاتنىڭ ئۆيى توقسۇن ناھىيەسىنىڭ ئىلانلىق بازىرىدا بولۇپ، ھەر كۈنى ئىشقا بېرىش - كېلىشى بەك قولايسىز ئىدى، زاۋۇتقا يېقىن جايدىن ئۆي سېتىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن پۇلى يېتىشمىگەنىدى. سەيپىدىن بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «شىركەتنىڭ خىزمەتچىلەرگە ئىجارىگە بېرىدىغان ئۆيى بار، باھاسى ئەرزان، تۇرۇشقا قولايلىق، ئۆي سېتىۋالدىغان ئىشقا ھازىرچە ئالدىراپ كەتمە، پەقەت شىركەتتە ئەستايىدىل ئىشلىسەڭلا، بىر - ئىككى يىلدا ئۆي سېتىۋېلىشتا ئالدىن تۆلەيدىغان پۇلنى چوقۇم يىغالايسەن».

سەيپىدىن ئويغا چۆمگەن ھالدا: ئاراپاتنىڭ كەچۈرمىشلىرى مېنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، ئاراپاتنىڭ ھازىر بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىرىنى ئىلگىرى مەنمۇ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن، ئاراپاتنى گاڭگىرىتىپ قويغان ئىشلار ئىلگىرى مېنىمۇ قىينىغان، مەن ئۆز تەجرىبەم ئارقىلىق ئاراپاتقا ئىلھام بېرىشنى، ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى. سەيپىدىن دائىم دېگۈدەك ئاراپات بىلەن شىركەتنىڭ بۇ بىرقانچە يىلدىكى ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىش ئورنىدا ئېرىشكەنلىرىنى ئورتاقلاشتى، بارا - بارا، ئاراپاتنىڭ غەم - ئەندىشىسىمۇ تۈگىدى.

### ■تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى ئويلاش

بىر كۈنى، ئاراپات سەيپىدىنگە مۇنداق دېدى: «ئۇستام، مېنىڭمۇ سىزگە ئوخشاش ئىلغار بولۇپ، ئاپتونوم رايون، مەملىكەتتىكى مۇكاپات سەھنىلىرىدە مۇكاپاتلانغۇم بار.» بۇ سۆزلەر سەيپىدىننى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم بېرىش، كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىنى قاناتلاندۇرۇش ئىرادىسىگە كەلدى.

ئىلگىرى، كېيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش سەيپىدىننىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى؛ بۈگۈنكى كۈندە، ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتنى باش چۆكۈرۈپ ياخشى ئىشلەش ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ئايلاندى. سەيپىدىن مۇنداق دېدى: «2017 - يىلى 3 - ئايدا بېيجىڭغا بېرىپ بىر يىل بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغان تونۇشۇم ئۆزگەردى. ئەمگەك نەمۇنىچىسى شەرەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر مەسئۇلىيەت ئىكەن، مەن چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن ياردەمگە موھتاج تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم بېرىمەن».

دېھقاندىن سانائەت ئىشچىسىغا ئايلانغان سەيپىدىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەربىر سالمىقى بار شان - شەرەپنىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ئىنتىلىش جەريانى، تېخىمۇ مۇھىمى كىشىلىك ھاياتىدىكى ھەر قېتىملىق ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش جەريانى بار. بۇ يىل 2 - ئايدا، سەيپىدىن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ سىيەك يېزىسىدا كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ئارقىلىق يۇرتداشلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەشنى ئۈمىد قىلدى.

# پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇلازىمەت قىلىش يورۇقلۇقنى قوغداش

## —— چىڭگىل ناھىيەلىك توك تەمىنلەش شىركىتى تايىكەشكەن بازارلىق توك تەمىنلەش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى ۋاڭ سۇڭشىن توغرىسىدا

بۇ يىل 53 ياشقا كىرگەن ۋاڭ سۇڭشىن دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى چىڭگىل ناھىيەلىك توك تەمىنلەش شىركىتى تايىكەشكەن بازارلىق توك تەمىنلەش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى، ئۇ يىل بويى بىرىنچى سەپتە يىلتىز تارتىپ، توك تەمىنلەش پونكىتىدىكى خىزمەتچىلەرنى باشلاپ دۆلىتىمىز چېگرا رايون ئاھالىسىنىڭ ئۆيلىرىدىكى ۋە پورتتىكى چىراغلارنىڭ يوپيورۇق يېنىپ تۇرۇشىنى قوغداپلا قالماي، ئون يىلدىن بۇيان يەنە موڭغۇلىيە دۆلىتىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە ۋە پورتنىڭ مۇقىم توك ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، يورۇقلۇقنى قوغداپ، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىگە ئايلاندى.

### ■توك تەمىنلەش مۇلازىمىتى دۆلەتكە شان - شەرەپ كەلتۈردى

2009 - يىلى، جۇڭگو قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن موڭغۇلىيە دۆلىتىدىكى قوبدۇ ئۆلكىسى بۇرغان ناھىيەسىدىكى 35 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتى ۋە توك يوللاش لىنىيەسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ قوبدۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسىم ئۈچ ناھىيەسىدىكى 21 مىڭ ئاھالە جۇڭگو تەمىنلىگەن توكنى ئىشلىتىدىغان بولدى. ۋاڭ سۇڭشىن ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى تۇنجى قېتىم دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، توك تەمىنلەش مۇلازىمىتىنى موڭغۇلىيە دۆلىتىگىچە كېڭەيتتى. ئون يىلدىن بۇيان، ۋاڭ سۇڭشىن ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى موڭغۇلىيە دۆلىتىدىكى ئېلېكتىر ئەسلىھەلىرىنى جەددىي رېمونت قىلىشقا ياردەم بېرىشكە كۆپ قېتىم قاتناشتى. موڭغۇلىيە دۆلىتى قوبدۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسىم ئۈچ ناھىيەسىدىكى توك ئىشلەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋاڭ سۇڭشىننىڭ تېلېفون نومۇرى ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى بولۇپ قالدى.

2015 - يىلى قىشتا، قوبدۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئاز كۆرۈلىدىغان قېلىن قار ياغدى، نۇرغۇن توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيەلىرىدە توك توختاپ قالدى، سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 45 سېلسىيە گرادۇسقا چۈشتى. ۋاڭ سۇڭشىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قىلچە ئىككىلەنمەي قار دېڭىزىغا ئاتلاندى، بىر نەچچە سائەت جەددىي رېمونت قىلىش ئارقىلىق، كاشىلا ئاخىر ئوڭشالدى، توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا قايتىپ كەلگەندە، ۋاڭ سۇڭشىن بىلەن خىزمەتدىشى سۇلايماننىڭ پەلەيى يىرتىلىپ كەتكەن بولۇپ، قولىدىكى جاراھەتتىن قان سىرغىپ چىقىشقا باشلىغانىدى. شۇ يىلى، ۋاڭ سۇڭشىنغا موڭغۇلىيە دۆلىتى تەرىپىدىن «ئالاھىدە تۆھپە ئوردېنى» بېرىلدى.

### ■باشلامچى بولۇپ مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلدى

ۋاڭ سۇڭشىن خىزمەتتە ئەزەلدىن باشلامچى بولۇپ كەلدى.

2016 - يىلى 1 - ئايدا، ئالتاي ۋىلايىتىدە بىر قېتىم تۇيۇقسىز قېلىن قار ياغدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مېتىردىن كۆپرەك قېلىنلىقتىكى قار تايىكەشكەن بازىرى بىلەن سىرتنىڭ بارلىق قاتنىشىنى ئۈزۈپ قويدى، توك تەمىنلەشمۇ تەسىرگە ئۇچرىدى. شۇ چاغدا، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 36 سېلسىيە گرادۇسقا چۈشۈپ قالغانىدى، ۋاڭ سۇڭشىن بازارلىق ھۆكۈمەتتىن بىر قار تازىلاش ماشىنىسىنى جەددىي ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، توك تەمىنلەش پونكىتىدىكى خىزمەتچىلەرنى قار تازىلاش ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بىرتەرەپتىن يول ئېچىپ، بىرتەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلىدى. كېيىن، قار تازىلاش ماشىنىسىمۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. ۋاڭ سۇڭشىن جەددىي رېمونت سايمانلىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ، توكچى بولاتنى ئېلىپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئالدىغا قاراپ ئۆمىلىدى. ئاسماننى قاپلىغان قاردىن كىشىلەر كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى، ئۇلار قىلچە پەرۋا قىلماي، داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ئۆمىلىدى. بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر 197 - نومۇرلۇق ئىستولبا مۇنارىنىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ كېلىپ، كاشىلا نۇقتىسىنى تاپتى. شۋۇرغاندا قالغان ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يەنە يورۇقلۇق ۋە ئىللىقلىق ئەسلىگە قايتتى.

«ئۇنىڭ يېشى مەندىن خېلىلا چوڭ بولسىمۇ، لېكىن خەتەرلىك ئىشنى ئۆزىگە قالدۇرىدۇ» دېدى توك تەمىنلەش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى سۇلايمان بىر قېتىملىق قارلىق كېچىدە لىنىيە چارلاش كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ. ئۇ كۈنى قار بەك قېلىن ياغقان ئىدى، ۋاڭ سۇڭشىن بىلەن سۇلايمان بىرلىكتە لىنىيە چارلىدى. ۋاڭ سۇڭشىن ئۆزى تاغ يولىدا مېڭىپ، بىر قەدەر تەكشى يولنى سۇلايمانغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇچراشماقچى بولغان تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، ۋاڭ سۇڭشىن كۆرۈنمىدى. تاغدا سىگنال يوق، ئالاقىلەشكىلى بولمايتتى. تاڭ سۈزۈلگەندە ھەم ئەنسىرىگەن، ھەم تىت - تىت بولغان سۇلايماننىڭ ئالدىدا «قار بوۋاي»غا ئوخشاپ قالغان ۋاڭ سۇڭشىن پەيدا بولدى.

### ■كۆڭۈل بۆلۈش، ئاسراش كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتتى

تايىكەشكەن بازىرىدا 8000دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋاڭ سۇڭشىننى تونۇيدۇ، كوچىدا ماڭسىلا، ھامان ئۇنىڭغا سالام قىلىدىغانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇ شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

75 ياشلىق تولىبۇقان بوۋاي تايىكەشكەن بازىرىدىكى چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا تۇرىدۇ، پەرزەنتلىرى يىل بويى سىرتتا چارۋا باققاچقا، ئۆيدىكى ھەممە ئىشنى بوۋاي ئۆزى قىلاتتى. بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ توك سىمى بەك ئىنچىكە بولغاچقا، سۇ پومپىسى ئىشلەتكەندە بەزىدە توك يولى ئېتىلىپ قالاتتى. ۋاڭ سۇڭشىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەكشۈردى، ئۆزى پۇل چىقىرىپ بوۋاينىڭ يېڭى ئۆتكۈزگۈچ سىم ۋە يېڭى رۇبىلىنىك ئالماشتۇرۇپ بەردى.

توك تەمىنلەش پونكىتى چەتتىرەك بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيى بۇ يەردە ئەمەس ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قولايسىز بولغاچقا، ئۆيگە قايتىش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز ئىدى، ۋاڭ سۇڭشىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.

«ھەر قېتىم لىنىيە چارلاشقا چىققاندا ئۇ بىزگە سۇنى لىق قاچىلىۋېلىش، ئوزۇق - تۈلۈكنى كۆپرەك ئېلىۋېلىشنى تاپىلاپ تۇرىدۇ» دېدى توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى ۋاڭ پىڭ، «ئادەتتە لىنىيە چارلاش ۋەزىپىسى بار چاغدا چۈشتە قايتىپ تاماق يېيەلمەيمىز، پونكىت باشلىقى ۋاڭ سۇڭشىن ھەمىشە ئاشخانىغا بىرقانچە خىل سەيىنى ئارتۇق قورۇپ قويۇشنى بۇيرۇيدۇ، ھەرقانچە كەچ قايتساقمۇ يەيدىغان ئىسسىق تاماقىمىز تەييار».

«ۋەتەنگە توك تەمىنلەش بىر خىل مەسئۇلىيەت، موڭغۇلىيە دۆلىتىگە توك تەمىنلەش بىر خىل شەرەپ.» ۋاڭ سۇڭشىننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇلازىمەت قىلىش ۋە دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش روھى ماختاشقا سازاۋەر بولدى، ئۇ ھەم ئېلېكتىر ئېنېرگىيە خادىملىرىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ۋەكىلى، شۇنداقلا «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ نەمۇنىچىسى.

# نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىدىكى باشلامچى

## —— ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشتىكى باشلامچى پاشاگۇل كېرەم توغرىسىدا

ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ بۆرتوقاي يېزىسى ئاقچى كەنتىدە، پاشاگۇل كېرەم ئىسىملىك بىر قىرغىز قىز بار، ئۇ 2006 - يىلى 6 - ئايدا ئۇلۇغچات ناھىيەسى تەشكىللىگەن ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشقا قاتنىشىپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇڭگۇەن شەھىرى خېڭلى بازىرىدىكى ئېلېكترونلۇق زاپچاس زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلىدى، پائال تىرىشىش ئارقىلىق شۇ يىلىلا 15 مىڭ يۈەن ئەمگەك كىرىمى قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

2015 - يىلدىن بۇيان، پاشاگۇل ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى يېزىلىرىدىكى 521 ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى يېتەكلەپ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىگە ئىشلەشكە باردى، بۇنىڭ ئىچىدە 210 كىشى نامرات ئائىلىلەردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچى بولۇپ، بۇنىڭ ياردىمىدە نامرات ئاھالە جەمئىي 630 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 179 نامرات ئائىلە كىرىمنى سېجىل ئاشۇرۇپ، دۆلەت يولغا قويۇۋاتقان نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىگە يېتىپ ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### ■سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەملىشىش

2006 - يىلى 6 - ئايدا، پاشاگۇل ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ ئادەم تەشكىللەپ دۇڭگۇەن شەھىرىگە ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىزىملاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئۈمىدكە تولغان پاشاگۇل كۆتكىنىدەك دۇڭگۇەن شەھىرىنىڭ خېڭلى بازىرىدىكى ئېلېكترونلۇق زاپچاس زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلىدى. تىرىشچان پاشاگۇل دائىم ئۇستىسىنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈپ پۇتۇڭخۇا ۋە تېخنىكا ئۆگەندى.

ئۇستىسىنىڭ ياردىمىدە، پاشاگۇل تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈۋېلىپلا قالماي، يەنە تېخنىكىدىمۇ كۈندىن - كۈنگە پىشىپ يېتىلىپ، ئۆزى بىلەن تەڭ زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزۈپ چىقتى، ئايلىق ئىش ھەققىمۇ دەسلەپتە زاۋۇتقا كىرگەن چاغدىكى 2000 يۈەندىن 2700 يۈەنگە ئۆستى.

يىل ئاخىرىدا ھېسابات قىلغاندا، پاشاگۇل 15 مىڭ يۈەن ئەمگەك كىرىمى قىلىپ، ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەملەشتى.

### ■ئاچا - سىڭىللارنى يېتەكلەپ ئورتاق بېيىش

2013 - يىلى، پاشاگۇل يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلىپ دۇڭگۇەن شەھىرىدىكى لۈجوۋ ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتىگە بېرىپ ئىشلىدى ھەم ناھايىتى تېزلا شىنجاڭلىق ئىشلەمچىلەرنىڭ باشلامچىسىغا ئايلاندى.

2015 - يىلى، ئەمدىلا تاغ ئارىسىدىن چىقىپ زاۋۇتقا كېلىپ ئىشلىگەن ئاچا - سىڭىللار تېخنىكىغا خام بولغاچقا، ھەر ئايدا پەقەت ئاساسىي مائاشنىلا ئالاتتى. پاشاگۇل بۇنى كۆرۈپ تىت - تىت بولدى. ئاچا - سىڭىللارنىڭ ئاياغ تىكىش تېخنىكىسىنى تېزرەك ئىگىلىشى ئۈچۈن، ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاچا - سىڭىللار بىلەن بىللە پۇتۇڭخۇا ئۆگەندى، تېخنىكا ئۆگەندى. پاشاگۇلنىڭ ياردىمىدە ئاچا - سىڭىللار ئىككى ئايدىلا ئاقما لىنىيەدە مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان تېخنىكا سەۋىيەسىگە يەتتى، ئايلىق مائاشى 3500 يۈەنگە ئۆستى.

پاشاگۇل دائىم مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ شىنجاڭدىن گۇاڭدۇڭغا كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشىمىز ئاسان ئەمەس، چوقۇم ئەمگەكچان بىر جۈپ قولىمىز ئارقىلىق، نامرات ھالىتىمىزنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئىشلىگىلى چىققان يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللىرىم، پەقەت مەن ياردەملىشىپ ھەل قىلالايدىغانلا بولسام، چوقۇم ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۇلارغا ياردەم قىلىمەن.» 2015 - يىلدىن بۇيان، پاشاگۇل 30 نەچچە قېتىم سەھەر سائەت 2دىن كېيىن بىللە ئىشلەيدىغان ئاچا - سىڭىللارنى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى، 100دىن ئارتۇق ئىشدىشىنىڭ پويىز بېلىتىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 30 نەچچە مىڭ يۈەن بېرىپ تۇردى.

### ■ئۈلگە بولۇپ تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنى پائال جارى قىلدۇرۇش

ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن پاشاگۇل ئۆز كەچۈرمىشى ئارقىلىق قېيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش ئارقىلىق نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە سەپەرۋەر قىلدى ۋە يېتەكلىدى. 2006 - يىلدىن باشلاپ، ئۇ ھەر يىلى يۇرتىغا قايتىپ تۇغقان يوقلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەتراپىدىكى ئاچا - سىڭىللارغا ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە، نامرات ئائىلىلەردىكى بارغانسېرى كۆپ ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى تاغ ئارىسىدىن چىقىپ، گۇاڭدۇڭغا بېرىپ ئىشلىدى.

2012 - يىلى يۇرتىغا قايتقاندا، كەنتتىكى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار گۈلجەننەتنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكى، گەرچە شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن گۈلجەننەتنىڭ يەنىلا ئوقۇش، تۇرمۇش خىراجىتىدىن غەم قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. پاشاگۇل ھەر ئايدا ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغا 300 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە تۇرمۇش پۇلى ئەۋەتىپ تۇردى. ئۈچ يىللىق ياردەم بېرىش ئارقىلىق، گۈلجەننەت ئوقۇشىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى. گۈلجەننەت ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە مۇنداق دەيدۇ: «مەن چوقۇم داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىمەن، ياخشى ئىشلەيمەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ پاشاگۇل ھەدەمگە ئوخشاش تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ياردەم قىلىمەن».

پاشاگۇل بېيىش ئۈلگىسى، ئەمگەك كۈچىنى سىرتقا چىقىرىشتىكى باشلامچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلگىرى - كېيىن تۆت قېتىم ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى؛ 2016 - يىلى 1 - ئايدا پاشاگۇل ئاپتونوم رايون بويىچە «يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالاندى؛ 2018 - يىلى 10 - ئايدا، پاشاگۇل 2018 - يىللىق مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.